# سەنمىڭنىڭ جاۋاب قەغىزى

## ـــ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ فۇجيەن سەنمىڭدا ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نوپۇسى 3 مىليونغا يەتمەيدىغان سەنمىڭ شەھىرى ۋۇيىشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، مىنجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسىگە جايلاشقان، تەۋەلىكىدىكى «سەككىز تاغ، بىر دەريا، بىر ئۈلۈش ئېتىز»نىڭ ئىلگىرى تەرەققىيات ئاساسى ئاجىز ئىدى. بۇ جاي يەنە ئىلگىرى مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ يادرولۇق رايونى، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى 37 مىڭ سەنمىڭلىق قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقانىدى.

كونا ئىنقىلابىي رايونغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن، يولداش شى جىنپىڭ سەنمىڭ شەھىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، ئۇ سەنمىڭدىكى 12 ناھىيە (شەھەر، رايون)نى ئايلىنىپ چىقتى، 62 يېزا ـ بازار ۋە كەنتكە باردى.

تەينىڭ ناھىيەسىنىڭ شىنچياۋ يېزىسى لىڭشيا كەنتى، تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىك كەنتتە يولداش شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ئىزى قالدى.

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تومۇز ئىسسىقتا چىدىغىلى بولمايتتى. شۇ چاغدىكى فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش شى جىنپىڭ ئىككى سائەتكە يېقىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللارنى بېسىپ كەنتكە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەنتتىكى ئەينى يىللاردىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى خۇاڭ بىڭماۋنى يوقلىدى ھەم كەنتتە چوڭقۇر سۆھبەتلەشتى.

ئەينى چاغدىكى لىڭشيا كەنتىدە 1000دىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ ئاران 1400 مودىن كۆپرەك يېرى بولۇپ، پۈتۈن كەنتتە پەقەت قولدا بۇرايدىغان بىرلا تېلېفون بار ئىدى، كەنت ئاھالىلىرى ئىچىدىغان سۇنى دەريادىن توشۇپ كېلەتتى.

«خوشلىشىپ ئاپتوموبىلغا چىقىش ئالدىدا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تاپىلىدى.» ئاشۇ يىلدىكى كۆرۈنۈش شۇ چاغدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ جيەنخۇانىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى.

يولداش شى جىنپىڭ تاپىلاپ مۇنداق دېدى: «كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پارتىيەنىڭ ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرى. مەنمۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ باققان، كەنتنىڭ خىزمىتى چىگىش، ئاسان ئەمەس. كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ھەر ۋاقىت كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى كېرەك، يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. قانداق قىيىنچىلىق بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنى ئىزدىسىڭىز مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ».

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ مەخسۇس كونا ئىنقىلابىي رايونلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يېغىنى ئېچىپ، «ئۈچنى ئۇنتۇماسلىق» ـــ كونا ئىنقىلابىي رايونلارنى ئۇنتۇماي، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى؛ كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى خەلقنى ئۇنتۇماي، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەكلىكىنى؛ «بەش پېشقەدەم»لەر ۋە بۇ ئىنقىلابىي پېشقەدەم كادىرلارنى ئۇنتۇماي، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سەممىي غەمخورلۇق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچكە ئايلاندى.

«ئەگەر باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشەلىسەم، مەن چوقۇم ئۇنىڭغا دوكلات قىلىمەن، كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى خەلق ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمىدى.» سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خۇاڭ جيەنخۇا ئىختىيارسىز ھالدا قەددىنى رۇسلاپ: «مەن باش شۇجىغا كەنتتە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتماقچى» دېدى.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، لىڭشيا كەنتىدە پۈتۈن كەنتكە تۇۋەن بېسىملىق سىم يولى ئورنىتىلىپ، تۇراقلىق توك ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئىككىنچى يىلى 5 ـ ئايدا، كەنتتە تۇرۇبا سۈيى بار بولدى. يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، كەنتكە سېمونت يول تۇتاشتۇرۇلدى.

قىزىل ئارمىيە ئاشخانىسى ئېچىلىپ، ئەسلىي مەقسەت باغچىسى تەسىس قىلىنىپ، قىزىل ساياھەتچىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بۈگۈنكى كۈندە تېغى يېشىل، سۈيى سۈزۈك لىڭشيا كەنتى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. پۈتۈن كەنتنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 1999 ـ يىلدىكى 1000 يۈەندىن بۇلتۇرقى 17 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى، 15 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتسىمۇ يەنىلا تومۇرداش.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، سەنمىڭ شەھىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە سەنمىڭ خەلقى يولداش شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئۈمىدىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، كونا ئىنقىلابىي رايوندا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىشلەپ، ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئالغا سىلجىتتى، كونا ئىنقىلابىي رايوننىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش كۈنسايىن يېڭىلاندى ـــ

ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. سەنمىڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1996 ـ يىلدىكى 17 مىليارد 260 مىليون يۈەندىن 2019 ـ يىلدىكى 260 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8% ئاشتى، 2019 ـ يىلى كىشى بېشى GDPسى تۇنجى قېتىم 100 مىڭ يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى 1996 ـ يىلدىكى 2425 يۈەندىن 2019 ـ يىلدىكى 18 مىڭ 312 يۈەنگە كۆپەيدى، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى 1996 ـ يىلدىكى 6250 يۈەندىن 37 مىڭ 942 يۈەنگە كۆپەيدى. 2017 ـ يىلى پۈتۈن شەھەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسلار ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 370 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى.

ئىلگىرىكى «يولىرى تار، ئورمىنى شالاڭ، يوللىرى تېيىلغاق» بۇ جاي بۈگۈنكى كۈندە «يوللىرى كەڭ، ئورمىنى قويۇق، ئاشلىقى مول» جايغا ئايلاندى.

بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 83 ياشلىق شيا سۇڭتاۋ ۋە باشقا ئەينى يىلدىكى «كىچىك 3 ـ لىنىيە»نى قۇرۇشقا قاتناشقان سەنمىڭلىق 27 نەپەر قۇرغۇچى بۇ جايدىن ئايرىلىپ 20 نەچچە يىلدىن كېيىن، شاڭخەيدىن كېلىشكىنى بويىچە سەنمىڭغا قايتىپ كەلدى.

«ئەينى يىللاردا سەنمىڭغا كېلىش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىت كېتەتتى، بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرساق بەش سائەتمۇ كەتمەيدۇ. ئەينى يىللاردىكى ئەڭ ياخشى بىنالارمۇ بەش ـ ئالتە قەۋەتلىك ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى» دېدى ئۇ.

ئەگەر قىزىل بولۇشنى سەنمىڭنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس تارىخىي بەلگىسى دېسەك، ئۇنداقتا يېشىل بولۇش دەل سەنمىڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشىنىڭ روشەن بەلگىسىدۇر.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ تەينىڭ ناھىيەسىدىكى شاڭچىڭشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ساياھەتچىلىكنى ئېچىش ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

يولداش شى جىنپىڭ ئولتۇرغان بامبۇك سال جىلغا ئېقىنىدا كېتىۋاتقاندا، بىر لېيۇ بېلىقى سۇدىن سەكرەپ چىقىپ، دەل ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا چۈشتى. سالچى شياۋ كېۋېن چاقچاق قىلىپ مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، كەچتە قورۇمنى كۆپەيتىسەك بولىدىغان بولدى».

يولداش شى جىنپىڭ كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى، پۇتىغا كىيدۈرۈۋالغان سولياۋ ئاياغ خالتىنى سېلىپ، لېيۇ بېلىقنى ئۇنىڭغا سېلىپ، يەنە قولى بىلەن سۇ ئېلىپ خالتىغا قۇيدى. قىرغاققا چىققاندا، يولداش شى جىنپىڭ خالتىنى كۆتۈرۈپ، لېيۇ بېلىقنى جىلغا ئېقىنىغا قويۇپ بېرىپ، سەپەرداشلىرىغا: «مۇھىتنى چوقۇم ياخشى قوغداش كېرەك» دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ جياڭلې ناھىيەسىنىڭ گاۋتاڭ بازىرى چاڭكوۋ كەنتىگە بېرىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە لېيچا چېيى ئىچىپ، ئازادە پاراڭلاشتى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ لىنشۇن مۇنداق دېدى: ئەينى ۋاقىتتا چاڭكوۋ كەنتى «ئۈچ يوق كەنت» بولۇپ، «بىرمۇ سېمونت يول يوق، بىرمۇ يېڭى ئۆي يوق، بىرمۇ ياندىغان يول چىرىغى يوق ئىدى».

تاغلىق رايونلاردىكى يېزىلارنى زادى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟

كەنت ئاھالىلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى شۇكى، يولداش شى جىنپىڭ كەنتنىڭ ئۇدۇلدىكى يېشىل تاغقا تىكىلىپ قاراپ مۇنداق دېدى: «يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇ بىباھا گۆھەر، تاغلىق رايون ‹تاغ ـ دەريا رەسىمى›نى ياخشى سىزىپ، تاغ، سۇ، ئېتىز ئىشىنى ياخشى قىلىشى كېرەك».

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇجيەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى، جاڭ لىنشۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆز قىلىپ بۇ بىر بۆلەك ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالدى.

«ئۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم لېيچا چېيى ئىچىشىم، ئىچىدە گۈرۈچ بارغۇ دەيمەن؟ يەنە كۈنجۈت، چاي، جۇزە پوستى بار ئىكەن...» باش شۇجى شى جىنپىڭ جاڭ لىنشۇنگە ئۆزگە ۋاكالىتەن يۇرتداشلارغا، لېيچا چېيى ئىشلەيدىغان چيۇ سەيلى ئاچىغا سالام ئېيتىشنى تاپىلىدى.

«يۇرتداشلار باش شۇجىنىڭ سالىمىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى ھاياجانلىنىپ خۇددى چاغان ئۆتكۈزگەندەك پوجاڭزا ئاتتى.» چيۇ سەيلى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «دۆڭنەن داشۆدە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم ماڭا مەخسۇس تېلېفون قىلىپ، بۈنى ‹ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى سالام!› دېدى».

يېقىندا چيۇ سەيلى ناھىيەدىكى ۋېنبو كىچىك بازىرىدا بىر لېيچا چايخانىسى ئاچتى، سودىسى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا. داشۆدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىمۇ رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولدى. ھازىرقى كۈنلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇردى.

بۇ قېتىم فۇجيەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭكوۋ كەنتىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سورىدى.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنىلا سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر دائىرىگە ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرىدىغان، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىنى گۈزەللىك ياخشى قىلىش كېرەك».

20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، «يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇ بىباھا گۆھەر» دېگەن سۆز شۇ جايدا رېئاللىققا ئايلاندى.

چاڭكوۋ كەنتى ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا تايىنىپ، ئورمانچىلىق، چېچەك ئۆستۈرۈش قاتارلىق خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، لەيلەپ ئېقىش، پۇقراۋى قونالغۇ تىجارىتى قاتارلىق يېزا ـ كەنت ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشكى ئالدىدىلا قىلىدىغان ئىشى بار، تاپىدىغان پۇلى بار بولدى، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 1997 ـ يىلدىكىدىن ئون ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئالدىدىكى بىر تۈپ شياڭجاڭ دەرىخى ئاستىدا، كەنت ئاھالىلىرى بىرلىكتە يېڭى كەنت قائىدىسى ئابىدىسىنى تىكلىدى، ئۈستىگە: «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، مەڭگۈ پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

سەنمىڭدا ماڭغاندا ھەممە يەردە يېشىللىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان شەھەر دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشتىكى تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇپ، مەنپىي ئوكسىگېن ئىيون مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ 3.4 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، شەھەر رايونىنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئەلا بولۇش كۈن سانى نىسبىتى 98%تىن يۇقىرى بولۇشنى ساقلىدى، بۇ يىل ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ 80%تىن ئېشىشىدىن ئۈمىد بار، 2015 ـ يىلدىن بۇيان ئېقىن رايوننىڭ سۇ سۈپىتى باشتىن ـ ئاخىر فۇجيەن بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ساقلاپ كەلدى.

قانداق تەرەققىيات يولىدا مېڭىش، قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ سەنمىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقتى.

سەنمىڭ شەھەر رايونىدىن ئاپتوموبىللىق تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەنيۈەن رايونى يەنچيەن بازىرى يەنچيەن كەنتىنىڭ يېنىدىكى ۋەنشۇيەن تېغىدىكى ئۆڭكۈرگە «يىراق قەدىمكى زاماندىكى مەخپىيەتلىك» يوشۇرۇنغان.

«شىمالدا جوۋكوۋدىيەن بار، جەنۇبتا ۋەنشۇيەن بار». 185 مىڭ يىل ئىلگىرى، قەدىمكى ئىنسانلار بۇ يەردە كۆپىيىپ ياشىغان. بۈگۈنكى كۈندە، ۋەنشۇيەن 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، فۇجيەندىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك ئارخېئولوگىيە خارابىلىرى باغچىسى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، 20 نەچچە يىل ئىلگىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بىلەن كان بايلىقنى ئېچىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى. مۇخبىرلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ نەق مەيداندا ھېلىھەم ۋەنشۇيەننىڭ ئەينى يىلى تاغ چوققىسىدىكى تۆزلىنىپ كەتكەن قالدۇق ئىزلىرىنى كۆردى.

ۋەنشۇيەندە مول ھاك تاش بايلىقى ساقلانغان، شۇ جايدىكى بىر پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا تاغ گەۋدىسىدە كان قازغان بولۇپ، غايەت زور پارتلاش ئاۋازى باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈلمەيتتى؛ ھالبۇكى «تاغدا گۆھەر بار» دەپ قارىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېزىشتىن كېلىپ چىققان چاڭ ـ توزان، بۇلغىنىشلارغا چىدىيالمىغان شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرى داۋاملىق ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەم تاغ گەۋدىسى ھەم ئۆڭكۈردىكى قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداشنى مۇراجىئەت قىلغان.

1999 ـ يىلى، شۇ جاينىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تاغدا بۆسۈش خاراكتېرلىك بايقاشقا ئېرىشتى: 2000دىن ئارتۇق تاش بۇيۇم ۋە زور مىقداردىكى سۆت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تاش قاتمىسى، يەنە دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى «ئۆي ئىچىنى بېزەش قۇرۇلۇشى» ـــ تەخمىنەن 40 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئادەم كۈچى بىلەن تاش ياتقۇزۇلغان يەر يۈزى بار ئىدى.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شۇ چاغدىكى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت ئۆلكە باشلىقى يولداش شى جىنپىڭ دەرھال تەستىقى يوليورۇق بەردى: سەنمىڭ شەھىرى ۋەنشۇيەن كونا تاش قورالار دەۋرىدىكى ئۆڭكۈر خارابىسى ئۆلكىمىزنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشىدىكى تۇنجى مۇھىم بايقاش، شۇنداقلا دۆلەت ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان تارىختىن بۇرۇنقى مۇھىم مىراس، جەزمەن ئەستايىدىل، ئوبدان قوغداش كېرەك.

يولداش شى جىنپىڭ تەستىقى يوليورۇقىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ۋەنشۇيەن كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئۆڭكۈر خارابىسى قايتا ھاسىل بولمايدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بايلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، كەلگۈسى ئەۋلادلارغىمۇ مەنسۇپ، ھەرقانداق شەخس ۋە ئورۇن كۆز ئالدىدىكى ياكى قىسمەن مەنپەئەتنى كۆزلەپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلسا بولمايدۇ.

قوغداپ قېلىنغان ۋەنشۇيەن لازىمكى، كۆز ئالدىمىزدىكى پۇل تاپقىلى بولىدىغان ھاك تاش لازىم ئەمەس.

بۇ گەرچە زاۋۇتنىڭ 2 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇنۇمىگە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، بۇ پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى كان قېزىش، پارتلىتىشنى دەرھال توختاتتى.

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش كەنت قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، ھازىر ياشلار دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ، ئىستىراھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا، كېيىنكى تەرەققىيات پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپەيدى» دېدى يەنچيەن كەنتىنىڭ 71 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ۋاڭ يۈەنخې.

يېڭى دەۋردىكى سەنمىڭدا قىزىل بىلەن يېشىل گىرەلىشىپ، سانائەت بىلەن مەدەنىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى قانات تەڭ پەرۋاز قىلىپ، مېخانىزمى جانلىق، كەسىپلىرى ئەلا، پۇقرالىرى باي، ئېكولوگىيەسى گۈزەل بولۇش بىر ـ بىرىنى تولۇقلىدى.

«كونا ئىنقىلابىي رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، سەنمىڭدا گەۋدىلىك تەرەققىيات ئەۋزەللىكى يوق ئىدى، بىزمۇ ئىزچىل ‹ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچى› سۈپىتىدە ئۆزىمىزگە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدۇق، ئەمما توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىسەك، بىز ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخىمۇ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز» دېدى سەنمىڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىن شىڭلۇ.

### كىچىك شەھەر قانداق قىلىپ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىدى؟

ـــ ئىسلاھاتنى تەرەققىياتنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى مۆجىزە يارىتىش

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو (شاشيەن ناھىيەسى) ئۇششاق يېمەكلىكلەر ساياھەت مەدەنىيەت بايرىمى باشلاندى، چوڭ ـ كىچىك كوچىلار ئادەملەر بىلەن لىق تولدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار شاشيەن ناھىيەسىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك شەھەرنىڭ كىچە ـ كۈندۈزنى قىزىتىۋەتتى.

شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىكلىرى ئىلگىرى ناھايىتى «كىچىك» ئىدى، كەسپكارلارنىڭ كۆپىنچىسى «لاي پاچاق»لاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «كىچىك دۇكان، ئەر ـ خوتۇنلار دۇكىنى» ئۇلچەملىك سەپلىمە بولۇپ، «بىر يۈەن بىلەن دۇكانغا كىرىش، ئىككى يۈەن بىلەن قورساق تويغۇزۇش» ئەڭ ياڭراق نام ھېسابلىناتتى.

شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىكلىرى بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى «زورايدى»، دۇكانلار پۈتۈن يەر شارىدىكى 62 دۆلەت ۋە رايونغا تارقىلىپ، ئومۇمىي سانى 88 مىڭغا يەتتى، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 300 مىڭدىن ئاشتى، يىللىق تىجارەت سوممىسى 50 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

نېمە ئۈچۈن تاغلىق رايوندىن كەلگەن شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىكلىرى جاھانغا تارقىلىپ، ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەلىدى؟ بۇنىڭ جاۋابى پەقەت يېمەك ـ ئىچمەكتىلا ئەمەس.

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ شاشيەن ناھىيەسىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: «شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىك كەسپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئورۇن بېكىتىشى توغرا بولۇپ، تۆۋەن ئىستېمال بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ سېتىپ يول ئاچقانلىقىدا، ھازىر ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەتقىق قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇششاق يېمەكلىك كەسپىنى كېڭەيتىش بوشلۇقىنى چوڭقۇر قېزىش كېرەك».

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ يەنە شاشيەن ناھىيەسىگە قايتا بېرىپ، شياماۋ بازىرىدا سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق تەكىتلىدى: «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تىرەك نۇقتىسىنى توغرا تېپىش، بولۇپمۇ شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىك كەسپىنى تۆۋرۈك قىلغان 3 ـ كەسىپنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك».

ئۇششاق يېمەكلىكلەر چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ جاي تاپشۇرۇقنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ئۇششاق يېمەكلىكنى چوڭ كەسىپ قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، «كېڭەيتىش»نى يېتەرلىك قىلىپ، «تىرەك» ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئۇششاق يېمەكلىك كەسپى ۋە ناھىيە تەۋەسى ئىقتىسادىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يەن فاخۇي شاشيەن ناھىيەسى ئۇششاق يېمەكلىك كەسپلەر باغچىسىدىكى بىر تەم خۇرۇچلىرى كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى. بۇ كەسپلەر باغچىسى مەركىزىي ئاشخانا ئەندىزىسى ئارقىلىق، شاشيەن ناھىيەسىدىكى ئۇششاق يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى خام ماتېرىيال يۈرۈشلۈكلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان 72 كارخانىنى مەركەزلەشتۈردى.

«شاشيەن ناھىيەسىدە ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنى بارغانسېرى كۆپەيدى، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بازىرى بارغانسېرى زورايدى، بۇلتۇر مەن تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان زاۋۇت قۇرۇپ، 30 نەچچە خىل مەھسۇلات ئاچتىم، نۆۋەتتە سېتىش يوللىرى ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ.» ئىلگىرى باشقا جايدىكى شاشيەن ناھىيەسى ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا ئاشپەزلىك قىلغان يەن فاخۇي يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەش يولىنى كۆرۈپ يەتتى.

«يېزا ئىشكى»دىن سەكرەپ چىقىشتىن «دۆلەت دەرۋازىسى»دىن ھالقىپ چىقىشقىچە، بۈگۈنكى كۈندىكى شاشيەن ئۇششاق يېمەكلىكلىرى «دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يالغۇز بۆسۈپ كىرىش» شەكلىدىكى يېرىك ئىگىلىك بويىچە باشقۇرۇش بىلەن خوشلىشىپ، سۈپەتلىك ماركىلاشقان، زەنجىرسىمانلاشقان، توپلىشىپ ئىشلەشكەن، ئۇچۇرلاشقان يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلدى.

بىر كەسىپ گۈللەنسە ھەممە كەسىپ ئاۋاتلىشىدۇ.

ئۇششاق يېمەكلىك كەسپىنى «زورايتىش» ۋە «تېپىپ چىقىش» ئۈنۈم ئېففېكتىغا تايىنىپ، شاشيەن ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 1997 ـ يىلدىكى 2805 يۈەندىن 2019 ـ يىلدىكى 20 مىڭ 528 يۈەنگە كۆپەيدى.

شاشيەن ناھىيەسىدىكىلەر ياقتۇرۇپ دەيدىغان مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «چۆچۈرە خىش، كەسمە چۆپ پولات چۆۋق قىلىنىپ، شاشيەن ناھىيەسىدىكى ئېگىز بىنالار سېلىندى». بۈگۈنكى كۈندە، شاشيەن ناھىيەسىنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى.

پۇقرالارنىڭ ئىشنى چوڭ ئىش قاتارىدا كۆرۈپ بېجىرىش، پۇقرالارنىڭ ئارزۇسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش سەنمىڭنىڭ بىر قاتار ئىسلاھات، تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي لوگىكىسى.

داۋالاش ئىسلاھاتى دۇنياۋى قىيىن مەسىلە.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)